# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 10 ـ ئاي
27
يەكشەنبە
维吾尔文 10 月27日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24861 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ 2019 دۇنيا ياش ئالىملار يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، 2019 دۇنيا ياش ئالىملار يىغىنى جېجياڭ ۋېنجوۋدا ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسپ ئۆزگىرىشى جوش ئۇرۇپ گۈللىنەمەكتە. پەن ـ تېخنىكىنىڭ كەلگۈسى ياشلاردا. پەن ـ تېخنىكىدا ئادەمىيەت ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىغا تۆرتكە بولۇش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. يىغىنغا قاتناشقان ئەزىز مېھمانلارنىڭ «دۇنيادىكى تالانتلىقلار توپلىنىش گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ 2019 ـ يىللىق «جۇڭگونى چۈشىنىش» گۇاڭجوۋ خەلقئارا يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 ـ يىللىق «جۇڭگونى چۈشىنىش» گۇاڭجوۋ خەلقئارا يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گۇاڭجوۋدا باشلاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى بىر قىسىم ئوڭۇشسىزلىق، قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى، ئەمما ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش ئېقىمىنى كەينىگە ياندۇرغىلى بولمايدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى كۈنسېرى يۇغۇرۇلۇپ، تەقدىرنىڭ بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ زىچ باغلىنىشى چوڭ ۋەزىيەتنىڭ يۈزلىنىشى، ئۆزلۈكسىز تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش بەرپا قىلىش ھەرقايسى دۆلەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئۈمىدى. جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىۋىلىشىشىدىن مەنپەئەتلەنگۈچى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى»نى كوللېكتىپ ئۆگەندى

# كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

### چېن چۈەنگو رىياسەتچىلىك قىلدى شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ **شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى»نى چوڭقۇر ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار قاتناشتى.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكرى»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، قەتئىي ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» ئېلان قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكرى» تۆۋەندە(قىسقارتىلىپ«پىكىر»دېيىلدى) يېقىندا ئېلان قىلىندى.

«پىكىر»دە مۇنداق كۆرسىتىلدى: جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش، راۋاجلاندۇرۇش يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىكى چوڭ ئىش، جۇڭگىي تېبابىتى، غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى بىلەن غەرب تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان، ماس تەرەققىي قىلىدىغان جۇڭگوچە سەھىيە، ساغلاملىق تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش، جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىنىڭ ئەسلىي ئىجادىيەت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ھاياتلىق ئىلمىدە يېڭىلىق يارىتىشتا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، جۇڭخۇانىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، مىللىي ئىشەنچ ۋە مەدەنىيەت ئىشەنچىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەتتە ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىش ۋە ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«پىكىر»دە جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىنىڭ خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۆزگىچە رولىنى جارى قىلدۇرۇش، جۇڭگىي دورىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ۋە كەسىپنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇش، جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىش، راۋاجلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭگىي تېبابىتى ـ دورىگەرلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق ئالتە جەھەتتە 20 تۈرلۈك پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

## ئۈرۈمچى:

## ئۇششاق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش

### ـــ دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

□مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

ئۈرۈمچى شەھىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە، «8+2» مەخسۇس تۈزەش ۋە «3+3+1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى چۆرىدەپ، ئاممىنىڭ «ئۇششاق قىيىنچىلىقى» «ئۇششاق ئارزۇسى»دىن باشلاپ تۇتۇپ، گۇۋاھنامە ۋە كىنىشكا بېجىرىش مۇرەككەپ بولۇش، پار ھەققىنى تاپشۇرۇش تەس بولۇش، شەھەر ئىچىدە ئاپتوموبىل توختىتىش قىيىن بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلدى، ھەر مىللەت ئامما باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى ھەققىي ھېس قىلدى.

«مەن پاسپورت بېجىرىشنى ناھايىتى ئاۋارىچىلىك دەپ ئويلىغاندىم، ئويلىمىغان يەردىن نەچچە مىنۇتتىلا بېجىرىپ بولدۇم، يەنە پوچتىدىن ئۆيگە ھەقسىز ئەۋەتىپ بېرىدىكەن، ئىنتايىن قولايلىق ئىكەن!» دېدى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت مەركىزىگە پاسپورت بېجىرگىلى كەلگەن ساۋ شياۋيۇ خۇشال ھالدا.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى**

## قاراقۇم كەنتى ـــ

## ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەمىيىنىنى تومپايتتى

مۇخبىرلىرىمىز بەي جىيۇ، جاۋ **چۈنخۇا، خې لىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈزۈش، تازىلاش، باغلاش... 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى سائەت 11دە، مۇخبىرلار قەشقەر شەھىرىنىڭ بەشكېرەم يېزىسى قاراقۇم كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە مۇختار مەخەتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئۇ كۆكتاتلىقىدا ئالدىراش ئىدى. «بۇ يىل تېرىغان كۆكتاتلىرىم ئوبدان ئوخشىدى، بازاردا 1300 يۈەندىن كۆپرەك پۇلغا ساتتىم، بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈمى» دېدى مۇختار خۇشال ھالدا.

قاراقۇم كەنتى ئېغىر نامرات كەنت بولۇپ، ئادەم كۆپ، يەر ئاز. بۇنداق جايدا، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزى تېرىغان لازا، شوخلا، خۇاڭگۇا، دوۋجياۋ قاتارلىق كۆكتاتلارنى يېيەلەيدىغان بولۇپلا قالماي، يەنە ئېشىنغىنىنى بازارغا ئاپىرىپ ساتىدىغان بولدى، ئىلگىرىكى «كۈندە ئۈچ ۋاخ بەسەي، ياڭيۇ يەيدىغان» كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

**شىنجاڭ ياخشى جاي**



### خوتەن قۇملۇق توغراق مەنزىرە رايونىدا ساياھەتچىلەر كۆپ بولدى

**10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر خوتەن شەھىرى قۇملۇق توغراق ئېكولوگىيە مەنزىرە رايونىدا توغراقلارنى تاماشا قىلماقتا. بۇ مەنزىرە رايونى ئاچقان ئىسسىق ھاۋا شارىغا ئولتۇرۇپ تۆۋەن بوشلۇقتا تاماشا قىلىش، قۇملۇق كارتىڭ ئاپتوموبىلى، قۇملۇقتا تۆگە مىنىش، مىللىيچە ناخشا ـ ئۇسسۇل قاتارلىق ساياھەت تۈرلىرى ساياھەتچىلەرنى خوتەننىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادىتى، مەنزىرىسى بىلەن يېقىن ئارىلىقتىن ئۇچراشتۇردى.**

**□مۇخبىرىمىز جېن شىشىن فوتوسى**

# «تۇلپار ماكانى»دا توردا قىزىق نۇقتىغا ئايلانغان، چوقۇم بارىدىغان جاي تېخىمۇ كۆپەيدى

### ـــ موڭغۇلكۈرە پۈتۈن رايون ساياھەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى

**سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر**

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

□مۇخبىرىمىز ما جيەنلۇڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز لى ۋېنۋۇ

بۇ يەر«تۇلپار ماكانى»، بۇ يەر «قىچا ماكانى»، بۇ يەر« ھەسەن ـ ھۈسەن شەھرى»...

بۇ يىل 9 ـ ئايدا، مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقى تۇنجى تۈركۈمدىكى مەملىكەت بويىچە پۈتۈن رايون ساياھىتىدە ئۈلگە كۆرسىتىدىغان رايونلار تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى تىزىملىككە كىردى.

■**يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىش**

پۈتۈن رايون ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، موڭغۇلكۈرە يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، فۇنكسىيەلىك تارماقلارنىڭ توسۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ساياھەت تەرەققىياتى مېخانىزمى، تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق ياراتتى.

موڭغۇلكۈرە پۈتۈن رايون ساياھىتى بەرپا قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ساياھەت بىرلەشمە يىغىنى، ساياھەت مۇھىم، زور تۈرلىرىنى دەللەش يىغىنى، ساياھەتنى پىلانلاش يىغىنى، ساياھەت خىزمىتىدە رىغبەتلەندۈرۈش، باھالاش قاتارلىق ساياھەت تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان مەخسۇس بەنزە خىزمەت تۈزۈمىنى تەشكىللەپ ئورناتتى. موڭغۇلكۈرە ناھىيەلىك ساياھەت تەرەققىيات كومىتېتىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، قارىمىقىدا 48 ئورۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بىر ئىشخانا، توققۇز گۇرۇپپا» تەسىس قىلىپ، ساياھەتنى پىلانلاش، تۈرلەرنى يولغا قويۇش، تەشۋىقات ـ ماركېتىڭ، بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، ئۆلچەم بەرپا قىلىش قاتارلىق ئون جەھەتنى قاپلىدى.

موڭغۇلكۈرە يەنە «پۈتۈن رايون ساياھىتى ئومۇمىي خەلق ساياھىتىنى گۈللەندۈرۈش» توققۇز چوڭ ھەرىكەت پىلانى» «موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ ساياھەت ساھەسىدىكى ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» «موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ ساياھەت كەسپى تەرەققىياتىدا مەبلەغ تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقاتار ئىسلاھات ـ تەرەققىيات سىياسەتلىرىنى تۈزدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)